

# مۇسبەتنامە

# قايغۇلۇق ئېلان

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك سىيا-
سىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو يازغۇچى-
لار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار
جەمئىيىتى 4 - نۆۋەتلىك، 5 - نۆۋەتلىك مۇدىرىيەت ئەزا-
سى، دائىمىي مۇدىرىيەت ئەزاسى، مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتو-
نوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ
1 - دەرىجىلىك يازغۇچىسى، داڭلىق ئۇيغۇر يازغۇچى زور-
دۇن سابىر ئەپەندى تويۇقسىز يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسى
كېسىلى قوزغىلىپ، جىددىي قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي،
1998 - يىل 13 - ئاۋغۇست ئۈرۈمچى ۋاقتى ئەتىگەن سائەت
7 دىن 15 مىنۇت ئۆتكەندە ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى. ئۇ بۇ
يىل 61 ياشتا ئىدى.
زوردۇن سابىر ئەپەندىنىڭ مېيىت نامىزى 14 - ئاۋ-
غۇست ئۈرۈمچى ۋاقتى چۈشتە سائەت 12 دە ياڭخاڭ (تاتار)
مەسچىتتە چۈشۈرۈلىدۇ.

زوردۇن سابىر ئەپەندىنى دەپنە قىلىش ھەيئىتى
1998 - يىل 13 - ئاۋغۇست

# زوردۇن سابىر ئەپەندىنى دەپنە قىلىش
# ھەيئىتىنىڭ ئىسىملىكى

مۇدىر: مىجىت ناسىر، مەمتىمىن زاكىر

مۇئاۋىن مۇدىر: دۆەن تۇڭخۇا، غازى ئەمەت، زۇنۇن قۇتلۇق، روزى مامۇت

ھەيئەتلەر: ليۇبىلىڭ، ھېيتەم ھۈسەيىن، شامىس قۇمار، ۋاڭ جۇڭمىڭ، ئابلىمىت سادىق، دۇجىڭ، ئىمىن ئەھمىدى، ياسىن مۇخپۇل، ئابدۇۋايىت، قەييۇم تۇردى، چېن بەيجۇڭ، شاكەن، ساغا، يۈسۈپ ماماي، خەن زىيوڭ، مەمتىمىن ھوشۇر، ئابدۇراخمان قاھار، ئەخەت تۇردى، ئەخەت ھاشىم، سۇلتان ھاشىم، ئابدۇراخمان ئەبەي، پىدا، جىڭ شىڭفۇ، ئابدۇرېشىت، ليۇتەيخەي، ماسۇڭفىڭ، شىرئەلى، ماشۇيگو، توختى قۇربان.

1998 - يىل 13 - ئاۋغۇست

# زوردۇن سابىر ئەپەندىنىڭ ھاياتى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 7- نۆۋەتلىك سىيا-
سىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، 3- نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەش-
نىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيە-
تىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇ-
چىلار جەمئىيىتىنىڭ 4-، 5- نۆۋەتلىك مۇدىرىيەت ئەزاسى،
دائىمىي مۇدىرىيەت ئەزاسى، مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ
ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر بىرلەشمى-
سىنىڭ 1- دەرىجىلىك يازغۇچىسى، داڭلىق ئۇيغۇر يازغۇچى
زوردۇن سابىر ئەپەندى تۇيۇقسىز جىددىي يۈرەك مۇسكۇل
تىقىلمىسى كېسىلى قوزغىلىپ قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي
1998 - يىلى 8- ئاينىڭ 13 - كۈنى ئەتىگەن سائەت (ئۈرۈمچى
ۋاقتى)7 دىن 15 مىنۇت ئۆتكەندە 61 ياشتا ئۈرۈمچىدە ۋاپات
بولدى.

زوردۇن سابىر ئەپەندىنىڭ يۈرەك كېسىلى تۇيۇقسىز
قوزغىلىپ دوختۇرخانىدا جىددىي قۇتقۇزۇش ئېلىپ بېرىلى-
ۋاتقاندا، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە ئۇنىڭغا ئىنتايىن كۆڭۈل
بۆلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى يول-
داش ئابلەت ئابدۇرېشىت، شەخسەن ئۆزى تېلېفون بېرىپ،

ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ، بارلىق چارىلەرنى قوللىنىپ قۇت-
قۇزۇش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى. ئاپتونوم رايونلۇق
خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن
مۇدىرى يولداش مىجىت ناسىر دوختۇرخانىغا يوقلاپ كېلىپ
تاكى زوردۇن سابىرنىڭ تىنىقى توختىغىچە يېنىدا ھەمراھ
بولۇپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئەدەبىيات- سەنئەت خىزمەت-
چىلىرىگە بولغان چوڭقۇر غەمخورلىقىنى نامايان قىلدى.
زوردۇن سابىر ئەپەندى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەل-
قىنىڭ ئىنتايىن ھۆرمەتلەيدىغان ۋە ياخشى كۆرىدىغان يازغۇ-
چىسى. ئۇ 1937- يىلى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ يېڭى تام يېزى-
سىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، باشلانغۇچ مەكتەپ-
نى ئۆز يېزىسىدا ئوقۇپ، 1957- يىلى غۇلجا دارىلمۇئەللى-
مىنىنى پۈتتۈرگەن. بۇ مەزگىلدە ئۇ جوڭگو ۋە چەت ئەللەر-
نىڭ نۇرغۇن داڭلىق ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ
كېيىنكى ئەدەبىيات ئىجادىيىتى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سال-
غان. 1957- يىلى غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنىستىتۇتىدا
بىلىم ئاشۇرغان. ئوقۇش تۈگىگەندىن كېيىن شۇ مەكتەپتە
ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1964- يىلى غۇلجا شەھەرلىك 2-
ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1979- يىلى شىن-
جاڭ خەلق نەشرىياتىغا يۆتكىلىپ مۇھەررىر بولغان،
1981 - يىلدىن هازىرغا قەدەر شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيى-
تىدە كەسپىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن. بۇ

مەزگىلدە يەنە بېيجىڭ لۇشۇن ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىدا بى-
لىم ئاشۇرغان. 1989- يىلى، 1995- يىلى شىنجاڭ يازغۇ-
چىلار جەمئىيىتىنىڭ 4-، 5- نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى ھەيئەت
رىياسەتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلانغان، 1992- يىلى
ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ 7- نۆۋەتلىك ئەزا-
سى، 1997- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ
8- نۆۋەتلىك دائىمىي ئەزاسى بولۇپ سايلانغان.

زوردۇن سابىر ئەپەندى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيە-
سىنى، سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنى قىزغىن سۆيەتتى.
ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ھىمايە قىلاتتى، پارتىيىمىزنىڭ
11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن
بۇيانقى تۈرلۈك لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ھىمايە
قىلاتتى. قېرىنداش مىللەتلەرنى قىزغىن سۆيۈپ، مىللەتلەر
ئىتتىپاقلىقىنى قەتئىي قوغداپ، بايرىقى روشەن ھالدا مىل-
لىي بۆلگۈنچىلەرگە قارشى تۇراتتى. ئۇ پارتىيىنىڭ ئەدەبى-
يات- سەنئەت ئىشلىرىغا سادىق بولۇپ، ھەر قايسى مىللەت-
لەرنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات- سەنئەت ئىشلىرىنى
گۈللەندۈرۈشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى دەپ بىلەتتى. 1971- يىلى
ئۆزىنىڭ تۇنجى ئەسىرى «تاغ كەينىگە ئۆتكەندە» ھېكايىسى
ئېلان قىلىنغاندىن تارتىپ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە يۈرەك قېنى-
نى سەرپ قىلىپ، نەچچە ئون مىليون خەتلىك كىشىگە
لەززەت بېغىشلايدىغان، خەلق ياخشى كۆرىدىغان رومان،

پوۋېست، ھېكايە، نەسر، ئەدەبىي ئاخبارات، ئوبزور قاتارلىق ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدۇردى. ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ ئۇنىڭ «ئاۋرال شاماللىرى»، «ئىزدىنىش»، «ئاتا»، «زېمىنغا مۇھەببەت» قاتارلىق 4 رومانى، «شەبنەم»، «ساداقەت»، «ئارچا ياپرىقى»، «جىگدىلەر پىچىرلايدۇ»، «ئۇنۇتمايمەن گۈلسارە»، «كۆك تاغنىڭ ئارقىسىدا»، «زوردۇن سابىر ھېكايىلەر توپلىمى»، «زوردۇن سابىر ئەسەرلىرى توپلىمى» قاتارلىق 3 پوۋېست، ھېكايىلەر توپلىمى نەشىردىن چىقتى. ئۇنىڭ ئىجادىيەت تېمىسى، يېزىش ئۇسلۇبى ھەر خىل، ئەسەرلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى يېڭى، مىللىي مەدەنىيەت پىسخىكىسىنى قېزىشقا ماھىر بولغانلىقىدىن ئەسەرلىرى روشەن دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ۋە مورۇق مىللىي تۇرمۇش پۇرىقىغا ئىگە بولۇپ، بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر پروزىچىلىقىدا ئالاھىدە ئورنى بار. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياقتۇرۇپ ئوقۇشى ۋە ئوبزور ساھەسىدىكىلەرنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى كۆپ قېتىم مەملىكەتلىك ئەدەبىيات مۇكاپاتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات مۇكاپاتلىرىغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرى ھەر خىل تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىچى- سىرتىدا [illegible] لەردە ئېلان قىلىنغان. زوردۇن سابىرنىڭ [illegible] غۇر خەلقىنىڭ ھازىرقى زامان ھېكايە ئەدا[illegible]

دىسى.

زوردۇن سابىر ئەپەندى خىزمەتتە مەسئۇلىيەتچان ئى-دى. ئەدەبىيات- سەنئەت ئىشلىرىنى بەكمۇ قىزغىن سۆيەتتى. ئۇ ئەدەبىيات- سەنئەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈشنى ئۆزىنىڭ باش تارتماس بۇرچى دەپ قاراپ، 2 نۆۋەتلىك شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى ۋەزىپىسى ئورنىدا ئىشلەۋاتقىنىدا، ئەدەبىيات- سەنئەتنىڭ تەرەققىيات ئىشلىرى ئۈچۈن باشتىن- ئاخىر پائال ھەرىكەتلىنىپ، ھەر تەرەپكە قاتراپ، مەبلەغ توپلىدى، ياش ئەدىبلەرنى تەربىيىلىدى، ھەتتا ۋاپات بولۇشىنىڭ ئالدىنقى كۈنلىرىدىمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ياشلار سۆھبەت يىغىنى ۋە كەسپىي يازغۇچىلار خىراجىتى ئۈچۈن ھەر تەرەپكە چېپىپ يۈرگەن ئىدى. زوردۇن سابىر ئەپەندى خەلقنى قىزغىن ...ىشلەرگە ئادىل مۇئامىلە قىلاتتى، خۇش پېئىل، چىقىش...اق، چاقچاقچى بولۇپ، ھەر مىللەتتىن بولغان دوستلىرى كۆپ ئىدى. كەسپىي يازغۇچى بولغان 17 يىل جەريانىدا، ئۇ ھەر يىلى تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ھەممە جايلارغا دېگۈدەك باردى. يېزا، زاۋۇت ۋە كانلاردىكى ئاددىي ...ەمگەكچى خەلق بىلەن ئىچقويۇن- تاشقويۇن بولۇپ، ئاسا... قاتلامنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆگىنىپ، خەلقنىڭ دەرد- ئەلە-

مىنى چۇشىنىپ، ئاساسىي قاتلام تۇرمۇشىدىن نۇرغۇن مول ماتېرىياللارنى يىغىپ، تەسىرى بار ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات- سەنئەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتى.

زوردۇن سابىر ئەپەندى بىز بىلەن ۋىدالاشقان بولسىمۇ، ئۇ بىر ئۆمۈر يۈرەك قېنىنى سىڭدۈرگەن، زېھنىنى سەرپ قىلغان شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات- سەنئەت ئىشلىرى ھازىر يېڭى ئەسىرگە قاراپ يۈزلەنمەكتە. ئۇنىڭ ئاجايىپ تالانت ۋە ئىقتىدارى بىلەن يازغان داڭلىق ئەسەرلىرى بىباھا بايلىق بولۇپ خەلق ئارىسىدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات مۇنبىرىدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىل- لەت خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ. ئۇنىڭ تىرى- شىپ ئىزدىنىپ ئۆتكۈزگەن ھاياتى بىزنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەدەبىيات- سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈ- رۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا مەڭگۈ ئىلھاملاندۇرىدۇ.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق
زوردۇن سابىرنى دەپنە قىلىش ھەيئىتى
1998- يىل 13- ئاۋغۇست

## تەزىيە تېلېگراممىسى ئەۋەتكەن
## ئورۇن ۋە شەخسلەر

جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى

ئىلى ۋىلايەتلىك پارتكوم ئىشخانىسى، ئىلى ۋالىي مەھكىمە ئىشخانىسى

غۇلجا شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى، غۇلجا شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى

ئىلى ئوبلاستلىق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى

ئىلى ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى

ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى

قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى

سانجى ئوبلاستلىق ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى

بىڭتۈەن دېھقانچىلىق 7 - دىۋىزىيە ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى

ئىلى كەچلىك گېزىتى

«ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

غۇلجا شەھەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى

قاراماي شەھەر شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى

قاراماي شەھەر - ئىدارە يازغۇچىلار جەمئىيىتى

«مايبۇلاق» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

«قۇمۇل گېزىتى» ئىدارىسى

غۇلجا ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى

«شىنجاڭ خۇيزۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى

باينغۇلىن ئوبلاستلىق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىر-لەشمىسى «بوستان» ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمى

غۇلجا شەھەرلىك يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىدارىسىدىكى بارلىق ئىشچى- خىزمەتچىلەردىن

دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىدىن: تەۋەككۇل تىلىۋالدى، ئابلىمىت ئابدۇرېشىت، بارات رەجەپ

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بەن-گۇڭتىڭىدىن : ئەكبەر غۇلام

جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىدىن: مالچىنخۇ

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سەۋىردىن

«ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى خەنزۇ تەھرىر بۆلۈمىدىن: گوسۇڭيۈەن

قۇمۇلدىن: ئايشەم ئەخمەت

غۇلجا ناھىيىسىدىن: مەھەممەتجان راشىدىن، توختاش بەكرى، نۇرىيە، گۆھەر ھاكىم، خىزىر

توققۇزتارا ناھىيىسىدىكى ياش قەلەمكەشلەر

ئىلى ئوبلاستلىق سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن: ھەبىبۇللا ئەلا، گۇلسۇم قادىر

ئىلى پىداگوگىكا ئىنىستىتۇتىدىن: ئابدۇۋەلى كېرىم، خۇرشىدەم خەيرى

ئىلى ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسىدىن: جاپپار قاسىم، زۇنۇن تاھىر، ماخمۇت مۇھەممەت

ئىلى ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى تۇرسۇنمۇھەممەت ئىمىن، بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر

غۇلجا شەھەرلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ بارلىق ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر

قەشقەردىن: يازغۇچى ھاجى مىرزاھىدىن كېرىمى

غۇلجا شەھەر باشلىقى: تۇرغۇن پىدا

غۇلجا ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش رەئىسى: توختەم

غۇلجا ناھىيىلىك 1ـ ئوتتۇرا مەكتەپتىن: ئابدۇراخمان

△ زوردۇن سابىر يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ ئۈرۈمچى
شەھەرلىك دوستلۇق دوختۇرخانىسىغا يەتكۈزۈپ كېلىنگەن-
دىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي
كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن جۇرېنى مىجىت ناسىر كېچىلەپ
دوختۇرخانىغا يېتىپ كېلىپ، خەلقنىڭ بۇ تۆھپىكار يازغۇ-
چىسىنى بارلىق چارىلەرنى قوللىنىپ قۇتقۇزۇپ قېلىش توغ-
رىسىدا يولىيورۇق بەردى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى.
تىببىي ئىنىستىتۇت دوختۇرخانىسىنىڭ يۈرەك كېسەللىكلە-
رى مۇتەخەسسىسى، پروفېسسور خې بىڭشەن قۇتقۇزۇش
خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى. زوردۇن سابىر جىددىي
قۇتقۇزۇش ئۈستىدە تۇرغاندا ئۇنىڭ قېشىدا يەنە ئاپتونوم
رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى مەتىمىن هو-
شۇر، دوستلۇق دوختۇرخانا شۇجىسى ئابدۇرېشىت، مەملى-
كەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ماھنۇر
قاسىمنىڭ قىزى ئادالەت، زوردۇن سابىرنىڭ ئايالى ۋە بىر
قىسىم ئۇرۇق- تۇغقانلىرى هازىر بولغان ئىدى.
△ قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي زوردۇن سابىرنىڭ بەختكە
قارشى ۋاپات بولغانلىق خەۋىرى تارقىلىشى بىلەن، جۇڭگو
يازغۇچىلار جەمئىيىتى تېلېفون ئارقىلىق يازغۇچىنىڭ ۋاپا-
تىغا بولغان قايغۇسى ۋە ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا بولغان
تەسەللىسىنى ئېيتتى، ئايىم ئەزىزى بېيجىڭدىن مەرھۇمنىڭ
ئائىلىسىگە ئالاھىدە تېلېفون قىلىپ، سەيپىدىن ئەپەندى ۋە

ئۆزى نامىدىن مەرھۇمنىڭ بالا - چاقىلىرىدىن ھال سورىدى
ۋە: زوردۇن سابىر مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ راۋاجلىنىشى
ئۈچۈن بەلگىلىك تۆھپە قوشقان، نۇرغۇن مۇنەۋۋەر ئەسەرلە-
رىنى يېزىپ خەلقىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن تالانتلىق يازغۇ-
چى، ئۇنىڭ ۋاپاتى ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈن چوڭ يوقىتىش،
دېدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئى-
سى مەمتىمىن زاكىر ۋە ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش-
نىڭ رەھبەرلىرى مۇناسىۋەتلىك خادىملارنى ئەۋەتىپ زور-
دۇن سابىر ئائىلىسىدىن ھال سورىدى ھەمدە دەپنە ئىشلىرى-
دىن ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى.

△ جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ سابىق رەھبەرلە-
رىدىن بىرى، پېشقەدەم موڭغۇل يازغۇچىسى مالچىنخۇ مەم-
لىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ شىنجاڭنى زىيارەت قىلىش
ئۆمىكى تەركىبىدە شىنجاڭغا كېلىپ زوردۇن سابىر ئائىلە-
سىنى يوقلىدى ۋە يازغۇچىنىڭ ۋاپاتىغا بولغان ئۆزىنىڭ
قايغۇسىنى ئىزھار قىلدى. يىراقلاردىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ،
مەرھۇمنىڭ نامىزىغا داخىل بولغان ۋە ئۆيىگە پاتىھە قىلغان-
لارنىڭ ئىچىدە يەنە: بېيجىڭ «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژۇر-
نىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى ئەكبەر مىجىت، ئىلى
ۋىلايەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى تۇرسۇنئەلى،
«ئىلى گېزىتى» ئىدارىسىدىن تۇرسۇن لېتىپ، ئابدۇكېرىم

هاشىم، ئىلى پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتىدىن مەھەممەتجان سا-
دىق، ئەدەبىيات فاكۇلتېت شۇجىسى ئابدۇرېشىت مەھەم-
مەت، ئىلى ئوبلاستلىق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمى-
سى ۋە «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىن ئەس-
ئەت ئابدۇرېشىت، غۇلجا شەھەر «مائارىپ خالىس فوندى
جەمئىيىتى» دىن ئابلىمىت خالىس هاجىم، ئابدۇۋەلى مۇقى-
يىت، مەرھۇمنىڭ ئۆز يېزىسىدىن بىر قىسىم ئۇرۇق -
تۇغقانلىرى ۋە ئاما ۋەكىللىرى، تورپاندىن بىر قىسىم ئۇ-
رۇق - تۇققانلىرى، غۇلجا ناھىيىسىدىن ئاما ۋەكىلى ئابدۇ-
رېشىت قاتارلىقلار بار.

غۇلجا ناھىيىسىنىڭ ئۇرۇمچىدە يىغىنغا قاتنىشىۋاتقان
ھاكىمى دىلشات زوردۇن سابىرنىڭ ئائىلىسىگە كېلىپ پۈ-
تۈن ناھىيە خەلقى نامىدىن مەرھۇمنىڭ ئائىلىسىدىن ئەھۋال
سورىدى. تەسەللى سۆزلىرىنى ئېيتتى. يازغۇچىنىڭ ۋاپاتىغا
بولغان چوڭقۇر قايغۇسىنى بىلدۈردى.

ھازىرغىچە كېلىۋاتقان تەزىيە تېلېگراممىلارنىڭ ئايىغى
ئۈزۈلمىدى. زوردۇن سابىر ۋاپاتىغا قايغۇسىنى بىلدۈرۈش
ۋە ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن
يىراقلاردىن يولغا چىققان بىر قىسىم كىشىلەر تېخى يېتىپ
كېلەلمىدى. خەلق ئۆز يازغۇچىسىنى مەڭگۈ ياد ئەتكۈسى!

1998- يىل 17- ئاۋغۇست